# 12833 ـ قەبرىستانلىقتا ۋەز_نەسىھەت قىلىش توغرىمۇ؟

**سۇئال**

سوئال: قەبرىستانلىقتا ۋەز_ نەسىھەت قىلىش توغرىمۇ؟ بىز بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچ قانداق ھەدىس بايان قىلىنمىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق، بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق قىلىشنى سۈننەت دەپ قارايدىكەن؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

شۇنداق، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇتلەق ئەسەر يوق دېيىش توغرا ئەمەس، شۇنداقلا بۇنداق قىلىشنى سۈننەت دەپ قاراشمۇ توغرا ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەبرە بېشىدا ياكى قەبرىستانلىقتا ياكى جىنازا ھازىر بولغاندا جۈمە كۈنلۈكتە كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىگەندەك ۋەز_ نەسىھەت قىلغانلىقى توغرىسىدا ئەسەر كەلمىگەن، بىزنىڭ ھازىر ئاڭلىغىنىمىز بىدئەت ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، كىشىلەرگە ۋەز_ نەسىھەت قىلغۇچى سۆز ئارىسىدا بۇ پاسىق ئادەم، ياكى بۇ كىشىگە قاراڭلار! تۆنۈگۈن ئويناپ كۈلۈپ كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىپ يۈرەتتى، مۇنداق سۆزلەرنى دېگەنتى، ھازىر قەبرىگە قويۇلۇۋاتىدۇ، ياكى ئۆلگۈچى تىجارەتچى بولسا، پالانى كىشىگە قاراڭلار! تۆنۈگۈن ئالى سارايلاردا ياشاپ، ئېسىل ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، خىزمەتچى خادىملىرى ئەتراپىدا يۈرەتتى، ھازىر قەبرىدە يېتىۋاتىدۇ دىگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۆلگۈچىنىڭ ئەيىپلىرىنى ئېچىۋېتىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ قارىشىمىزچە كىشىلەرگە قەبرىستانلىقتا ۋەز_نەسىھەت قىلىش سۈننەت ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياكى دەپنە قىلىش ئارىلىقىدا كىشىلەرگە ۋەز نەسىھەت قىلمىغان، سەلەپ ئالىملىرىدىنمۇ بۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق، ياكى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) نىڭ زامانىسىدىمۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى بىزنىڭ ياشىغان دەۋرىمىزگە نىسبەتەن سۈننەتكە يېقىن. ھەققە ئەڭ مۇۋاپىق يول ئىلگىركى كىشىلەرنىڭ يولىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما سورۇنلاردا ئادەتتە بولىنىدىغان ۋەز_ نەسىھەتنى قىلسا بولىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھىرىدىكى بەقى ئەل غەرقەد دېگەن قەبرىستانلىقتا چىققاندا كىشىلەر ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قەبرە كولاۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى، ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خۇتبە سۆزلىگەندەك ئەمەس، بەلكى تىنىچ ئولتۇرۇپ، ئىنسانىنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ۋە قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇنداقلا ئىمام بۇخارى ۋە باشقا ئالىملار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەردىن ھەر بىر كىشىنىڭ جەننەتتىن ياكى دوزاختىن بولغان ئورنى بەلگىلەنگەن دېدى. ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئەمەل

قىلمىساقمۇ بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق! ئەمەل قىلىڭلار، ھەر بىر كىشىگە ئۆزىگە بېكىتىلگەن ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەمەل مۇۋەپپەق قىلىنىدۇ دېدى.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى قەبرىستانلىقتا ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياكى دەپنە قىلىش ئارىلىقىدا كىشىلەرگە ۋەز- نەسىھەت قىلىش سۈننەت ئەمەس، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىپ (خۇتبە سۆزلىگەندەك ئەمەس) بەلكى سورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئادەتتە بولىنىدىغان ۋەز- نەسىھەتنى قىلسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.